Community Resilience
to Foreign Interference

# يالغان ئۇچۇر

بۇ مەنبە يالغان ئۇچۇرلارنى **ئاساس قىلىدۇ، يەنى ئالدامچىلىق قىلىش ۋە زىيان يەتكۈزۈش ئۇچۇن** يارىتىلغان ياكى ئورتاقلىشىلغان ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

**خاتا ئۇچۇر بولسا** ئالداش ياكى زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتى بولمىغان ھالدا ئورتاقلىشىلغان ساختا ياكى توغرا بولمىغان ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىدۇ.

يېڭى زېلاندىيە بىخەتەرلىك ئاخبارات ئىدارىسى (NZSIS) يالغان ئۇچۇرنى زىيان يەتكۈزۈش ياكى تېخىمۇ كەڭ نىشانغا يېتىش ئۇچۇن تارقالغان يالغان ياكى ئازدۇرىدىغان ئۇچۇر دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ .ئۇ كۆپىنچە توردا ياكى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىدۇ، ئەمما تېلېۋىزىيە، رادىئو ياكى گېزىتلەر قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدىمۇ كۆرۈلىشى مۇمكىن.

چەت ئەللەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرى چەت ئەللەرنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ بىر يولى سۈپىتىدە يالغان ئۇچۇرلارنى ئىشلىتىپ، كىشىلەرگە ۋە جەمئىيەتلەرگە زىيانلىق ئۇسۇللار بىلەن تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئۇلارنى ئازدۇرۇشى مۇمكىن.

## يالغان ئۇچۇرلار قانداق تارقىلىدۇ

يالغان ئۇچۇرلار تۆۋەندىكىدەك ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن تارقىلىشى مۇمكىن:

- ئۇچۇر يوللاش ئەپلىرى ۋە مەھەللە ئالاقە تورلىرى، بۇ يەردە ئۇچۇرلار كۆپىنچە كىشىلەر ئىشىنىدىغان ئالاقىلار ئارىسىدا يوللىنىدۇ.
- **مەھەللە** ياكى ئورتاق قىزىقىش گۇرۇپپىلىرى ئىچىدە ئورتاقلاشقان مەزمۇنلار، بۇ مەزمۇنلار كىشىلەر تونۇيدىغان مەنبەلەردىن كەلگەن ياكى ئۆزلىرى چۈشىنەلەيدىغان تىلدا بولغاچقا، كىشىلەر تېخىمۇ ئىشىنىشى مۇمكىن.
- **يېڭى زېلاندىيە تاراتقۇلىرى ياكى** مەنبەلەرگە ماس كەلمەيدىغان يېڭى زېلاندىيە سىرتىدىكى تاراتقۇلارنىڭ ئۇچۇرلىرى.
- **ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرى** يالغان ئۇچۇرلارنى تېز تارقىتالايدۇ، بولۇپمۇ TikTok سىنلىرى، Instagramرېلسلىرى ياكى Twitter / Xتېمىلىرى قاتارلىق قىسقا شەكىللىك مەزمۇنلار.
- تەسىر قىلغۇچىلار **ۋە مىكرو تەسىر قىلغۇچىلارنىڭ كۆپ ياكى ئىشەنچلىك ئەگەشكۈچىلىرى بولغاچقا، يالغان ئۇچۇرلارنى تارقىتالايدۇ.**
- **ئىشلەتكۈچىلەر ئىزدىمىگەن تەقدىردىمۇ**، سۇپىلاردىكى ئىزدەش ماتورى ۋە تەۋسىيەلەر يالغان ئۇچۇرلارنى كۆرسىتىپ بېرىشى مۇمكىن.
- تورسىز ئورتاقلىشىش، مەسىلەن، بېسىلغان ئېلانلار، پوستېرلار، ئىش ئورۇنلىرىدا، مەكتەپلەردە ياكى مەھەللىلەردە ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىش.

## يالغان ئۇچۇرلارنىڭ تۈرلىرى

چەتئەللەر يالغان ئۇچۇر تارقىتىشنى چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ بىر يولى سۈپىتىدە ئىشلىتىشى مۇمكىن. **كىشىلەرنى قەستەن ئالداش** ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى مۇمكىن بولغان مەزمۇنلارنىڭ بىر قانچە مىسالى تۆۋەندىكىچە:

- **كەڭ تارقالغان مەزمۇننى قايمۇقتۇرۇش**: توردىكى مەزمۇنلارمەقسەتلىك ھالدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ۋە كىشىلەرنى ئۆلانمىنى چېكىشكە **ئۈندەش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بولۇپ، ھەمىشە ئازدۇرىدىغان ياكى ئاشۇرۇۋېتىلگەن مەزمونلارنى ئىشلىتىدۇ.**

- **ئالدامچىلىق، ئاشۇرۇۋېتىلگەن ياكى ساختا ماۋزۇلار**: ئۇچۇرلارنى قەستەن بۇرمىلاش، ئاشۇرۇۋېتىش ياكى خاتا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان ماۋزۇلار.

- **قەستەن ناچارلاشتۇرۇلغان ياكى كونترول قىلىنغان ژۇرنالىزىم**: ماقالىلەرئىشەنچلىك خەۋەرسۈپىتىدە كۆرسىتىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يېتەرلىك **تەتقىقات، دەلىل ياكى پاكىت تەكشۈرۈش بولمىغان ماقالىلەر.**

- **ئابرويغا زىيان يەتكۈزىدىغان يالغان ئۇچۇرلار**: مەزمۇنلارقەستەن بىرئادەمنىڭ ئابرويغا زىيان يەتكۈزۈش ياكى تۆھمەت قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ياسالغان مەزمۇنلار، دائىم چەتئەل دۆلەتلىرىنى ئاشكارا تەنقىد قىلىدىغان كىشىلەرنى نىشان قىلىدۇ.

- **ياسالغان ياكى مونوپۇل قىلىنغان پاكىتلار**: كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ۋە ئالداش ئۈچۈن قەستەن كىرگۈزۈلگەن ۋاقىت، ئورۇن، ئىسىم ياكى مەنبە **قاتارلىق يالغان تەپسىلاتلار.**

- **ساختا ياكى ئۆزگەرتىلگەن سۈرەت ۋە ۋىدېئولار**: رەقەملىك شەكىلدە ياسالغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن (سۈنئىي ئەقىل ئارقىلىق ياسالغانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سۈرەت ۋە ۋىدىيولاربولۇپ، كۆرگۈچىلەرنى ئالداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

- **ماسلاشتۇرۇلغان كەڭ تارقىتىش**: ھېسابات نومۇرى، بوتكا ياكى تور بېكەتلەر تەرىپىدىن قەستەن خاتا مەزمۇنلارنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىپ، ئۇنى ۋُئەمەلىيەتتىن تېخىمۇئىشەنچلىك ياكى ئاممىباب كۆرسىتىد.

- **دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك تاراتقۇلارياكى ئاشكارىلانمىغان باغلىنىشلار**: ئۆزى مۇستەقىل كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى بىلەن باغلىنىشى باربولغان تاراتقۇلار، توربېكەتلەر ياكى ئىجتىمائىي تاراتقۇھېساباتلىرى ئىشلەپچىقارغان مەزمۇنلار.

- **ساختا ئۇچۇر سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان مەسخىرىلىك ياكى ھەجۋىيلەشتۈرۈلگەن مەزمۇنلار**: كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى قەستەن ئازدۇرۇش ۋە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەسخىرىلىك ياكى ھەجۋىيلەشتۈرۈلگەن مەزمۇنلار، بەزىدە ماسلاشتۇرۇپ يالغان ئۇچۇر تارقىتىش ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى.

## كۆرگەن مەزمۇنلار ھەققىدەئويلىنىڭ

**تەكشۈرۈڭ:**

- **ئۇچۇرنىڭ ئىشەنچلىك مەنبەدىن كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى** ۋە باشقا ئىشەنچلىك خەۋەر ئورگانلىرىنىڭمۇ ئوخشاش ئۇچۇرنى خەۋەر قىلغان-قىلمىغانلىقىنى. تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇرغا ئېرىشىش ئۈچۈن Netsafe نىڭ ساختا خەۋەرلەرنى قانداق پەرقلەندۈرۈش توغرىسىدىكى مەنبەسىنى كۆرۈپ بېقىڭ.
- **ئەسلى ھېكايە ياكى ئۇچۇرنىڭ قەيەردە ئېلان قىلىنغانلىقىنى ۋە كىملەر تەرىپىدىن تارقىتىلىۋاتقانلىقىنى.**
- **ئاپتورنىڭ كىملىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ كىلىپ چىقىشى، مەقسىتى ياكى قىزىقىشى نېمە بولۇشى مۇمكىنلىكىنى** (مەسىلەن، ئۇلارنىڭ خەۋەر بېرىش، قايىل قىلىش، مەلۇم بىر قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى كىشىلەرنىڭ پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىشنى **مەقسەت قىلغان-قىلمىغانلىقىنى**).

**ئويلىنىپ بېقىڭ:**

- **مەزمۇن كۈچلۈك ھېسسىيات ئىنكاسىنى قوزغىغاندا توختاش (مەسىلەن، جىددىيلىك، قورقۇش ياكى غەزەپلىنىش).**
- **بۇ مەزمۇننىڭ (مەسىلەن، پىكىرلەرگە تەسىر كۆرسىتىش، كۆرۈلۈش سانى ھاسىل قىلىش ياكى ھەرىكەتلەرنى قوللاش) نېمە ئۈچۈن قۇرۇلغان** ياكى **تارقىتىلغانلىقىنى سوراش**
- ئەگەر بۇ ئۇچۇرغا كىشىلەر ئىشەنسە ياكى ئۇنى تارقاتسا، **كىمنىڭ مەنپەئەت كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاش.**

مەسىلەن، ئەگەر سىز «بۇنى ئۈچۈرۈۋېتىشتىن بۇرۇن ھازىرلا تارقىتىڭ» دېگەن يازمىنى كۆرسىڭىز، بۇ سىزنى توختاپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن تارقىتىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىشقا ئۈندەيدۇ.

## ئىشەنچىڭىز بولمىغاندا نېمە قىلىش كېرەك

شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بىر ئۇچۇرنىڭ يالغان ئۇچۇر ياكى ئەمەسلىكىنى دەرھال بىلەلمەسلىك نورمال ئەھۋالدۇر.

ئۇچۇرنى تارقىتىشتىن بۇرۇن ۋاقىت چىقىرىپ ئويلىنىش، ئۇنىڭ راست-يالغانلىقىنى تەكشۈرۈش ۋە خاتا ئۇچۇرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

سىز يەنە ئىشەنچلىك كىشىلەر، مەسىلەن ئائىلە ئەزالىرى ياكى دوستلىرىڭىز بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇچۇر ھەققىدىكى قارىشىنى ئاڭلىسىڭىز بولىدۇ.

## چەت ئەللەرۋە ئۇلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرى ئىشلىتىدىغان يالغان ئۇچۇر

تۆۋەندىكىلەر چەت ئەللەر ۋە ئۇلارنىڭ ۋاكالەتچىلىرى تەرىپىدىن قەستەن ئىشلىتىلىدىغان يالغان ئۇچۇرلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىدۇر:

- **كۈچلۈك ھېسسىيات قوزغاش ئۈچۈن** مۇھىم پاكىت ياكى دەلىللەرنى قەستەن قالدۇرۇپ، غەزەپ، قورقۇنچ ياكى نارازىلىق **پەيدا قىلىش.**
- **ئۇچۇرنى خاتا ياكى ئاشۇرۇپ كۆرسىتىدىغان شەكىلدە سۇنۇپ، كىشىلەرنىڭ تېز ئىنكاس قايتۇرۇشى ياكى كەڭ تارقىلىشىنى مەقسەت قىلىش.**
- **ئوقۇرمەنلەرنى خەۋەردار قىلىشتىن كۆرە،** ئۇلارنىڭ ھېسسىيات ئىنكاسىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ھېسسىياتقا تولغان سۆزلەرنى **ئىشلىتىش.**
- **مەلۇم مەسىلە ياكى گۇرۇپپا ھەققىدىكى قاراشقا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن** ئېنىق بىر تەرەپلىمە قاراش ياكى قېلىپلاشقان **تەسەۋۋۇرلارغا تايىنىش.**
- **پەقەت بىر تەرەپنىلا كۆرسىتىش ئۈچۈن** باشقا كۆز قاراش **ياكى پىكىرلەرنى چەتكە قېقىش.**
- **خاتا، ئۆزگەرتىلگەن ياكى ۋاقتى ئۆتكەن ئۇچۇرلارنى توغرا دەپ كۆرسىتىش.**
- **كۆپ ئىملا ياكى گرامماتىكا خاتالىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش؛ بۇ بەزىدە ئىشەنچسىز ياكى ناھايىتى تېز تەييارلانغان مەزمۇننىڭ بەلگىسى بولۇشى مۇمكىن.**
- خاتا ئۇچۇرنى قوللاش ئۈچۈن **سۈپىتى تۆۋەن، تەھرىرلەنگەن ياكى مەزمۇندىن چەتنەپ كەتكەن سۈرەت ياكى ۋىدىيولارنى ئىشلىتىش.**

## ئىجتىمائىي تاراتقۇلىرىڭىزنىڭ ئۇچۇرلىرىنى كونترول قىلىڭ

ئەگەر ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېساباتى ساختا ياكى خاتا ئۇچۇرلارنى ھەمبەھىرلىگەن بولسا:

- شۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇنلارنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېساباتنى توسۇڭ ياكى ئەگىشىشتىن توختىتىڭ.
- ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىسىغا **شۇ ھېساباتنى دوكلات قىلىڭ، بۇ زىيانلىق مەزمۇنلارنىڭ توردا تارقىلىشىنى ئازايتىشقا ياردەم بېرىدۇ.**

Community Resilience to Foreign Interference

## يالغان ئۇچۇرلارنى قانداق دوكلات قىلىش

سىز زىيانلىق ياكى يالغان تور مەزمۇنلىرىنى دوكلات قىلالايسىز:

- خاتا ئۇچۇر ۋە باشقا زىيانلىق مەزمۇنلارنى Netsafe تور بېكىتىدە دوكلات قىلىڭ.
- ئەگەرتاراتقۇ مەزمۇنى خاتا بولسا ياكى رادىئو قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلسا، يېڭى زېلاندىيە تاراتقۇ كېڭەشى ياكى ئېلان ئۆلچىمى ئىدارىسىگە ئەرزسۇنۇڭ.
- ئىجتمائىي تاراتقۇلاردا خاتا ئۇچۇرلارنى **سۈپىنىڭ دوكلات قىلىش** ئىقتىدارى ئارقىلىق دوكلات قىلىڭ.

### دىن كۆپرەك ئۆگىنىڭ Netsafe

يېڭى زېلاندىيەنىڭ مۇستەقىل، پايدا ئالمايدىغان توربىخەتەرلىك تەشكىلاتى بولۇپ ، يېڭى زېلاندىيەدىكى Netsafe بالىلار ۋە ياشلار،ئاتا-ئانىلار ۋە قارىغۇچىلار،چوڭلار ۋەياشانغانلارئۈچۈن توربىخەتەرلىكى ياردىمى، كەسپىي ماھارىتى ۋە مائارىپى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**ئىشلەتكۈچىلەربىلەن ئۆزئارا ئالاقە قىلىدىغان، ئويۇن شەكلىدە لايىھەلەنگەن ئوقۇتۇش سۈپىسى**

ئۇبولسا12 ياشتىن 16 ياشقىچە بولغان ياشلارنىڭ توردىكى مەزمۇنلارنى ئىشلەتكەندە ئىشەنچ ۋە تەنقىدىي تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ئۆزئارا ئالاقە قىلىدىغان سۇپا بولۇپ، ياشلارنىڭ توردا كونترول قىلىش، بېسىم ۋە زىيانني تونۇشقا ياردەم بېرىدۇ.